## 284 ـ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ئىسمىنى قانداق ئۆزگەرتىدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن تۇغۇلغاندا ئاتام ماڭا ئۆزىنىڭ كۇپۇر ئېتىقادى بويىچە ئىسىم قويۇپتىكەن، مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسمىمنى ئىسلامى ئىسىمغا ئۆزگەرتتىم، بۇ ئىشىم توغرا بوپتىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇشەررەپ بولغان كىشى ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان ئىسلامى بىر ئىسىمنى تاللاپ، ئۆز نەسەبىنى ئاتىسى ۋە جەمەتىنىڭ نەسەبى بويىچە قويسا بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ساھابىلارنى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇمىغان، پەقەت ھارام ياكى ياقتۇرۇلمايدىغان ئىسىملار بولسا شۇنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرىغان، ئەگەر سىزنىڭ ئىسمىڭىز شېرىك ئېتىقادنىڭ يىلتىزى بولغان ئىسىملاردىن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىسمىڭىزنى بىلال دېگەندەك مەنىسى ساغلام، ئۆزى توغرا بولغان ئىسىمغا ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ، ئائىلە نەسەبىڭىز ئۆز ھالىتىدە قالىدۇ، شۇنىڭدەك سىز بۇ ئىشتا يەنە ئاتا ـ ئانىڭىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ. ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككەيلەنگىمۇ ھىدايەت ئاتا قىلغاي. ئاللاھ تائالا سىزنى ۋە بىزنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.